# شى جىنپىڭ سېنېگال زۇڭتۇڭى سالغا خەت ئەۋەتىپ جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرىنىڭ ئافرىقا تەرەپ ئورتاق رەئىس دۆلىتى سېنېگال زۇڭتۇڭى سالغا خەت ئەۋەتىپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ سېنېگال تەرەپ بىلەن بىللە مۇنبەرنىڭ ئورتاق رەئىس دۆلەتلىك مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىپ، مۇنبەر قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى پۇرسەت بىلىپ، ئافرىقىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، مۇنبەر بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭگو ـ ئافرىقا ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيىلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىدە تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ زىچ جۇڭگو ـ ئافرىقا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ سالنىڭ جۇڭگو يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان پەيتتە خەت ئەۋەتىپ ھال سورىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ، داۋالاپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا تولۇق ئىشەنچى، ئىقتىدارى بارلىقىنى تەكىتلىدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، سال ئىلگىرى ـ كېيىن رەئىس شى جىنپىڭغا خەت ئەۋەتىپ، جۇڭگونىڭ چاغىنىنى ۋە جۇڭگو ـ ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلىگەنىدى ھەم جۇڭگو تەرەپنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇۋاتقانلىقىغا قارىتا ھال سورايدىغانلىقىنى ۋە قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چىن مېھر ـ مۇھەببەت ئېغىر كۈنلەردە بىلىنىدۇ. بۇ پەۋقۇلئاددە ۋاقىتتا، كامبودژا خەلقى بىز بىلەن بىللە تۇردى. پادىشاھ سىخامونى ۋە ۋالىدىخان مونىلىي بىزدىن مەخسۇس ھال سورىدى ۋە قوللىدى، تېخىمۇ مۇھىمى باش ۋەزىر ئەپەندى كۆپ قېتىم جۇڭگو تەرەپنى قەتئىي قوللىدى، بۈگۈن يەنە ئالاھىدە جۇڭگوغا كېلىپ زىيارەتتە بولۇپ، مۇستەھكەم جۇڭگو ـ كامبودژا دوستلۇقى ۋە ئۆزئارا ئىشىنىشنى نامايان قىلدى، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولىدىغان جۇڭگو ـ كامبودژا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنىڭ يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى شەرھلىدى. جۇڭگو تەرەپ بۇنى چوڭقۇر ئالقىشلايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو پارتىيەسى ۋە ھۆكۈمىتى جۇڭگو خەلقى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتكە يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن، ئەڭ ئۆزۈل ـ كېسىل، ئەڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرى قوللاندى. نۆۋەتتىكى ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىدە پائال نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلمەكتە. جۇڭخۇا مىللىتى جاپا ـ مۇشەققەتتە تاۋلىنىپ چىققان، جۇڭگونىڭ بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىشتىن ئىبارەت جەڭدە غەلىبە قىلىشقا ئىشەنچى بار، ئىقتىدارى بار، ئىشەنچىسى بار. بىز داۋاملىق ئاشكارا، ئوچۇق پوزىتسىيە بىلەن كامبودژانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمغا ئورتاق ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇپ، پۈتۈن يەر شارى ۋە رايونلارنىڭ ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى قوغدايمىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرىغا مۇئامىلە قىلغاندەك كامبودژانىڭ جۇڭگودىكى پۇقرالىرىغا، جۈملىدىن كېلىپ ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ساغلاملىقىنى كاپالەتلەندۈرىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭى بىر يىلدا، جۇڭگو تەرەپ كامبودژا تەرەپ بىلەن يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ قويۇق ئالاقىسىنى ساقلاپ، جۇڭگو ـ كامبودژا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ھەرىكەت پىلانىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جۇڭگو ـ كامبودژا مۇناسىۋىتىنى يەنە يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشنى خالايدۇ.

خۇڭسېن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مېنىڭ مۇشۇنداق پەۋقۇلئاددە ۋاقىتتا جۇڭگوغا كېلىشنى قارار قىلىشىم كامبودژا ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى زور كۈچ بىلەن قوللايدىغانلىقىنى نامايان قىلىش ئۈچۈندۇر. جۇڭگو قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، كامبودژا خەلقى جۇڭگو خەلقى بىلەن قەتئىي بىللە تۇرۇپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، قىيىنچىلىقنى بىرلىكتە يېڭىدۇ، بىز ھەقىقىي «جانجىگەر دوست»لار. جۇڭگو تەرەپنىڭ جۇڭگودىكى كامبودژا پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ۋە كاپالەتلىك قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن، مەن بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىشەنچىنى ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. يۇقۇمغا قارىتا، بەزى دۆلەتلەر چېكىدىن ئاشقان چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللاندى، بۇنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ، يۇقۇمدىن تېخىمۇ قورقۇنچلۇقى ۋەھىمىگە چۈشۈش. كامبودژا تەرەپ جۇڭگو بىلەن داۋاملىق نورمال ھەمكارلىق ۋە ئالاقىنى قانات يايدۇرۇپ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە كامبودژا ـ جۇڭگو تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا كۈچ چىقىرىدۇ.

ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە ئالاقىدار قانۇن چىقىرىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يانداش تۈزۈم قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، جازالاش تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاممىۋى بىخەتەرلىك كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىستېمىسى مۇكەممەل، ئىلمىي قېلىپلاشقان، يۈرۈشۈشى ئۈنۈملۈك بولغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىشقا دائىر قانۇن ـ نىزاملارنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، خەۋپ ـ خەتەرنى باھالاشنى كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەدبىر بەلگىلەپ، قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق يولغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ يامرىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە خەۋپ يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارغا بولغان قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈش سالمىقىنى زورايتىپ، يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش قانۇنى ھەم ئۇنى يولغا قويۇش نىزامى، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى، ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئەسى قانۇنى، تاسادىپىي ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەسىگە قارىتا جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش نىزامى قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، قانۇن بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ھەم جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش كېرەك. ئامانلىق باشقۇرۇش، بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش قاتارلىق قانۇن ئىجرا قىلىش خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىپ، تېببىي خادىملارنى زوراۋانلىق بىلەن زەخىملەندۈرىدىغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا زەربە بېرىش سالمىقىنى زورايتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۇيۇملىرى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك تاۋارلارنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈۋېلىشتەك تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە قارشىلىق كۆرسىتىش، دوختۇرلارنى زوراۋانلىق بىلەن زەخىملەندۈرۈش، ساختا مەھسۇلاتلارنى ياساش ـ سېتىش، پىتنە ـ ئىغۋا توقۇش، پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىش قاتارلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارغا قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچ، تەرتىپلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئىئانە قىلىش، ئىئانە قوبۇل قىلىش ھەرىكىتىنى قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇرۇپ، قوبۇل قىلىنغان ئىئانە مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە ۋاقتىدا ئىشلىتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يۇقۇم ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش ۋە ئېلان قىلىش خىزمىتىنى قانۇن بويىچە ياخشى ئىشلەپ، قانۇندا بېكىتىلگەن مەزمۇن، تەرتىپ، شەكىل، ۋاقىت چېكى بويىچە يۇقۇم ئۇچۇرىنى ۋاقتىدا توغرا مەلۇم قىلىش كېرەك. ئالاقىدار دېلولارنى قاراپ چىقىش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ، ھوقۇق تەۋەلىكنى بېكىتىپ تالاش ـ تارتىشنى تۈگىتىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە دائىر قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى ۋە قانۇن مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بويىچە قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى قانۇنچىللىق ئېڭىنى كۈچەيتىشكە يېتەكلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە قانۇن بويىچە مەدەت بېرىش ۋە ماسلىشىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە دائىر قانۇن مۇلازىمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇم مەزگىلىدىكى زىددىيەت، تالاش ـ تارتىشلارنى تۈگىتىشنى كۈچەيتىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى ئۈنۈملۈك قانۇن ياردىمى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، قانۇنچىللىق تەپەككۇرى ۋە قانۇنچىللىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئېغىر، زور تاسادىپىي ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار مەسئۇلىيەت ئىش تەقسىماتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ۋەزىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ قانۇنچىللىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، ساغلاملىق بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: قانۇن يۈرگۈزۈش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئۇنىۋېرسال ياندىشىش ئىسلاھاتى قانۇن يۈرگۈزۈش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ، قانۇن يۈرگۈزۈشنىڭ ئادىللىقى، يۇقىرى ئۈنۈملۈكلۈكى، نوپۇزلۇقلۇقىغا مۇناسىۋەتلىك. ئىسلاھات ۋەزىپىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىنى ياخشى تۇتۇپ، «سوت قىلغۇچى ھۆكۈم قىلىش، ھۆكۈم قىلغۇچى مەسئۇل بولۇش»نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، قانۇن يۈرگۈزۈشنىڭ ئاممىۋى ئىشەنچ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، تىرىشىپ خەلق ئاممىسىغا ھەربىر قانۇن يۈرگۈزۈش دېلوسىدا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. قانۇنچىل يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئۇللۇق خىزمەت. يېزىلاردىكى كەڭ كادىرلار، ئاممىنى ئىش بېجىرىشتە قانۇنغا تايىنىش، ئىشقا يولۇقسا قانۇننى ئىزدەش، مەسىلەلەرنى ھەل قىلىشتا قانۇندىن پايدىلىنىش، زىددىيەتلەرنى تۈگىتىشتە قانۇنغا تايىنىش بويىچە تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، قانۇنچىل يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سىلجىتىش كېرەك. مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى لايىھەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش بايلىقلىرىنى تەقسىملەشنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىپ، مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنىڭ ئادىللىقى، يۇقىرى ئۈنۈملۈكلۈكى، خەلققە قولايلىق بولۇشى، خەلقنى كۆزلەشتىكى تۈزۈم ئەۋزەللىكى ۋە مەمۇرىي تالاش ـ تارتىشنى تۈگىتىشتىكى ئاساسىي يوللۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتى ئالدىغا بىر قەدەم ئالغا سىلجىتىلسا، قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر قەدەم ئىلگىرىلىشى كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىقىغا پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى نەزەرىيە نەتىجىلىرى ۋە ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، تۈزۈم ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ مۇقىم، ئەڭ ئۇزۇنچىلىك كاپالىتى. دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، قانۇنچىللىقنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىدىكى ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇنچىللىق ئارقىلىق خەلقنىڭ ئۆزگە ئۆزى ئىگە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇنچىللىقنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى يېتەكچىلىك قىلىش، قېلىپلاشتۇرۇش، كاپالەتلەندۈرۈش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى ساپالىق قانۇنچىللىق خىزمىتى قوشۇنى قۇرۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىشنى تۈزۈملەشتۈرۈش، تەرتىپلەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش، قانۇنچىللاشتۇرۇشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش بىلەن قانۇنچىللىق ئەمەلىيىتىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇننىڭ ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقنىڭ قانۇنچىللىق كاپالىتى تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، قانۇنچىللىقنىڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار قانۇنچىللىق ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باشلامچىلىق بىلەن قانۇنغا ھۆرمەت قىلىپ، قانۇن ئۆگىنىپ، قانۇنغا رىئايە قىلىپ، قانۇندىن پايدىلىنىپ، تۈزۈم ئىجرا قىلىشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇشى كېرەك. ئومۇمىي خەلق قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى سالمىقىنى زورايتىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ قانۇنچىللىق قارىشىنى كۈچەيتىپ، ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ جەمئىيەت ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش بىلەن دۆلەتنى ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىغا سىڭدۈرۈپ، تىرىشىپ ياخشى بولغان جەمئىيەت كەيپىياتى ۋە جەمئىيەت تەرتىپى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. خەلقئارا قانۇنچىللىق ساھەسىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن دائىرىسى سىرتىدا تەتبىقلىنىدىغان قانۇن سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، خەلقئارا قانۇننى تەتقىق قىلىش ۋە تەتبىقلاشنى كۈچەيتىپ، چەت ئەلگە چېتىشلىق خىزمەتنىڭ قانۇنچىللىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

مەركىزىي دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھۆججەتتە مۇنداق بېكىتىلدى: ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانى بويىچە ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، تەدبىرلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ۋە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتە «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» ساھەسىدىكى گەۋدىلىك كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ نۇقتىلىق ۋەزىپىنى ئورۇنداپ، يېزا ئىگىلىكىدە ھوسۇلنى مۇقۇملاشتۇرۇپ، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، يېزىلارنىڭ جەمئىيەت ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ساقلاپ، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، يېزىلارنىڭ ماس قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

مەركەز يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ ئىككى چوڭ نىشان ـ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا يەنە بىر قىسىم ئەڭ ئاخىرقى قورغانلارنى جەزمەن ھۇجۇم قىلىپ ئېلىش كېرەك، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشتە «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» ساھەسىدىكى يەنە بىر قىسىم گەۋدىلىك كەمتۈكلۈكلەرنى جەزمەن تولۇقلاش كېرەك. دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلار كۆرۈنەرلىك ئېشىۋاتقان، ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمى زورىيىۋاتقان مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تۇراقلاشتۇرۇش، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»نىڭ تۇراقلاشتۇرغۇچلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم، سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى جەزمەن تۇرمۇتۇر ياخشى تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋەزىپىنى قەرەلىدە ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەدبىرلەرنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە، نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەقىقىي تۈرتكە بولۇشى كېرەك. قانۇن بويىچە ئىلمىي، تەرتىپلىك ئالدىنى ئېلىپ ـ تىزگىنلەپ، يۇقۇم ئەھۋالىنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەش ۋە مەنبەدىن باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىش، كېڭىيىش خەۋپ ـ خەتىرىنى ۋاقتىدا تەھلىل قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىپ، ھەقىقىي تۈردە بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، «تۆتنى مەركەزلەشتۈرۈش» پىرىنسىپى بويىچە، تارقاقلاشتۇرۇپ كېسەل كۆرۈش، مەركەزلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلىپ داۋالاش ئىقتىدارىنى نۇقتىلىق ئۆستۈرۈپ، داۋالاش بايلىقىنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى ياخشى قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك دورا ۋە داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەش كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلارنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش كېرەك. تەشۋىق ـ تەربىيە يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنى ۋاقتىدا توغرا، ئاشكارا، ئېنىق ئېلان قىلىپ، جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىشلارغا ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەك؛ ساغلاملىق ئىدىيەسى ۋە يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرى توغرىسىدىكى تەشۋىق ـ تەربىيەنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى مەدەنىيلىك ساپاسى ۋە ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەش كېرەك. يۇقۇم ۋەزىيىتىنى ۋاقتىدا تەھلىل قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىپ، «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە كېڭىيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» تەدبىرى بويىچە پەرقنى تېپىپ چىقىپ، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، پۇختا مۇداپىئە سېپىنى قۇرۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىش، ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە خىزمەت يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى پۇرسەت بىلىپ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، چوڭ ۋەزىيەت ئېڭى ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت قارىشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قەتئىي، كۈچلۈك، قىلچە بوشاڭلىق قىلماي ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىدۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي ياخشى قوغدايدۇ.

ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، مەڭلىڭسىيت، لىۇ جيەنشىن، كۇڭ شىڭلۇڭ، گوۋۇيۇەن 30 ـ خىزمەت يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى، ئەزالىرى دوكلات يىغىنىغا قاتناشتى.

شىنجاڭدىكى مەزگىلدە، خىزمەت يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى يەنە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇقتىلىق داۋالاش ئاپپاراتلىرى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.